# جىهاد چەشمىلىرى



■ 1- ئاينىڭ 19- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا ۋىلايىتىنىڭ سۇمئە رايونىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ ۋۇسى شىئە ئەسكەرلىرىدىن 6 نى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن 5 نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدىكى كونتو ناتىل ئىسمىلىك مېھمانخانىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ قېرىنداشلىرىمىز 14 سائەت ئېتىشىش نەتىجىسىدە ئامېرىكا ئەسكەرلىرى، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى ۋە تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنىڭ ئۇچقۇچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 43 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىنىڭ بەنچۇۋايى رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 17 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 2 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتىھ قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جىمامى شەھىرىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتىنى بىتچىت قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 22- كۈنى بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ ئەبۇ زوھۇر ھەربىي ئايرودرومى ئەتراپىدىكى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 30 نەپىرى ئۆلگەن ۋە 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسى ۋەيران بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 23- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى پايتەختى مۇقدىشۇدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ ئىلبور شەھىرىنىڭ سابىق شەھەر باشلىقىنى 4 ئەسكەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 24- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ قۇبەيدە يېزىسى ئەتراپىدىكى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 8 نى ئۆلتۈرۈپ، بىر دانە T-62 تىپلىق تانكا بىلەن بىر دانە شالاكا قورالىنى ۋەيران قىلغان.

■ مۇشۇ 50 كۈن ئىچىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ھاما، ئىدلىب ۋە ھەلەب ۋىلايەتلىرىدە ئۇچرىغان زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:

6 دانە تانكا، 4 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى Bmp، 7 دانە كونكرىس قورالى، 4 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسى ۋەيران بولغان ۋە L-39 تىپلىق بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن.

■ 1- ئاينىڭ 26- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز قەندەھار ۋىلايىتىنىڭ قەندەھار شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيە ساقچىلىرى توپلاشقان ئورۇنغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 3 نەپەر ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 نەپەر ساقچىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدا مۇرتەد ئارمىيە ساقچىلىرى توپلاشقان ئورۇنغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 246 نەپەر ساقچى ۋە ساقچى مەسئۇللىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 27- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ دەرئا ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ھەمدە قورال-ياراغلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، بۇ يەردىن ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 1- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ جارىسا رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىي ماشىنىسىغا قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 3 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 29- كۈنى خىتاينىڭ گۇاڭجۇ ئۆلكىسىنىڭ سۈيياڭ ناھىيىسى جىنچاڭ يېزىسىدا خىتاي ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر ئايروپىلانى ھاۋا بوشلۇقىدا مەشىق قىلىۋاتقاندا چۈشۈپ كېتىپ ۋەيران بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 30- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ مۇنكا يېزىسىدىكى مالى ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي تەلىمگاھىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ يەردىن ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 2- ئاينىڭ 1- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى دەمەشىق ۋىلايىتىنىڭ ئىرىن شەھىرىگە ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن مۇجاھىدلار 8 نەپەر تاغۇت ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بىر دانە تانكا، بىر دانە شالاكا ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىپ، بۇ تاغۇت قوشۇنلىرىنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ لەغمەن ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 27 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ھەمدە 6 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| صَدَقَةٌ | سەدىقە | لَا نَأْخُذُ صَدَقَةً | بىز سەدىقە ئالمايمىز |
| خَطٌّ | خەت | خَطُّهُ جَمِيْلٌ جِدًّا | ئۇنىڭ خېتى بەك چىرايلىق |
| حَرْفٌ | ھەرپ | فِي اللُّغَةِ الْأُويغُورِيَّةِ اِثْنَانِ وَثَلَاثُونَ حَرْفًا | ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار |
| لَذِيْذٌ | مەززىلىك | إِنَّ هَذَا الطَّعَامَ لَذِيْذٌ جِدًّا | بۇ تاماق بەك مەززىلىك بوپتۇ |
| شَيْءٌ | نەرسە | اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ | ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر |
| مَرَّةٌ | بىر قېتىم | رَأَيْتُهُ مَرَّةً أُخْرَى | مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم |
| بِ | بىلەن | كَتَبَ وَلَدِي بِهَذَا الْقَلَمِ | بالام بۇ قەلەم بىلەن خەت يازدى |
| لِ | گە، ئۈچۈن | قَدْ كُتِبَ هَذَا الْكِتَابُ لِلْأَطْفَالِ | بۇ كىتاب كىچىك باللار ئۈچۈن يېزىلغان |
| كِ | دەك، تەك | يَمْضِي الْعُمْرُ بِالسُّرْعَةِ كَالظِّلَالِ | ئۆمۈر سايىدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ |
| فِي | دا، دە، تا، تە | يَنَامُ أَبِي فِي الْبَيْتِ | دادام ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ |
| عَنْ | دىن، تىن، ھەققىدە، توغرىسىدا | لَتُسْئَلُنَّ عَنْ النَّعِيمِ | سىلەر چوقۇم ھەر بىر نېئمەتتىن سورىلىسىلەر |
| مِنْ | دىن، تىن، جۈملىسىدىن | جِئْتُ مِنْ تُرْكِسْتَانِ الشَّرْقِيَّةِ | مەن تۈركىستاندىن كەلدىم |

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### زىقچا كېسىلىنىڭ شىپالىق رېتسېپلىرى

زىقچا كېسىلى بىر خىل سەزگۈر كېسەللىك بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى كانايچىدە ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئالاھىدە خاراكتېردىكى ياللۇغ. كۈز ۋە قىش پەسلى زىقچا كېسىلى ئەڭ كۆپ قوزغىلىدىغان پەسىل. زىقچا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 80% دىن 90% گىچە بولغان كىشىلەردە زىيادە سېزىمچان بۇرۇن ياللۇغى بار بولىدۇ. زىيادە سېزىمچان بۇرۇن ياللۇغى ئادەتتە زىقچىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇ سەۋەبلىك دائىم زۇكام بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەسلىدىلا زىيادە سېزىمچان بۇرۇن ياللۇغى بار كىشىلەر تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك، بۇنى ياخشى داۋالىمىغاندا زىقچا كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

1) ئەگەر زىقچا ياكى زىيادە سېزىمچانلىق بىمارى بولسىڭىز تاماقتىن بۇرۇن كۆپرەك سۇ ئىچىپ بېرىشىڭىز ۋە ئاشتۇزى ئىستېمال قىلىشنى كۆپەيتىپ سۇ بىلەن بولغان تەگكۈچلۈكنى ساقلىشىڭىز كېرەك بىراق بىرلا قېتىمدا سۇنى بەك كۆپ ئىچىۋەتمەسلىك، ھەرگىزمۇ ئۇزۇن مەزگىللىك كېسەللىكنى بىرقانچە كۈندىلا ئۇزۇل-كېسىل ساقايتىۋېتىش خام خىيالىدا بولماسلىق كېرەك. كۆپ سۇ ئىچىش ئادىتىنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندىلا، بەدىنىمىز ئاندىن يېتەرلىك سۇغا ئېرىشەلەيدۇ. سۇ بىلەن تۇز زىقچىنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى. كۈنىگە 1.8L دىن 2L غىچە سۇ ئىچىپ بېرىش كېرەك.

2) توخۇنىڭ تۇخۇمىنى ھەر قېتىمدا بىر تالدىن كۈنىگە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئاچچىقسۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ يېسە، زىقچا كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

3) 15 گرام ئۆرۈك مېغىزى ۋە 30 گرام ياڭاق مېغىزىنى مۇۋاپىق زەنجىۋىل سۈيىدە مېغىز ئېزىلگىچە قاينىتىپ، ھەسەلدىن مۇۋاپىق قويۇپ دۇملەپ پىشۇرۇپ يېسە، زىقچا كېسىلىگە، ماغدۇرسىزلىققا شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

4) 20 تال چىلان ۋە 500 گرام يېڭى كاۋىغا قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، سۇدىن مۇۋاپىق قويۇپ چىلان ئېزىلگىچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا، كانايچە زىقچا كېسىلىگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

5) يۇمران ئاغىچە يوغۇچىنى ئۇششاق توغراپ قاينىتىپ ئىچسە ياكى كېسەل قوزغالغاندا ئاغىچە يوغۇچ پىلىكىنىڭ سۈيىنى كۈندە ئۈچ قېتىمدىن ئۇدا يەتتە كۈن ئىچىپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

6) 120 گرام دۇفۇ، 15 گرام ئۆرۈك مېغىزى ۋە 10 گرام چاكاندىنى قاينىتىپ دورىنىڭ تىرىپسىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈپ، دۇفۇسىنى يەپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە، كانايچە زىقچا كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

7) 30 گرام ئاپتاپپەرەس تاۋىقى بىلەن 15 گرام قۇم شېكەرنى سۇدا قاينىتىپ، كۈنىگە ئىككى قېتىمدىن ئىچىپ بېرىش كېرەك. ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرسا، كانايچە زىقچا كېسىلىگە ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

## سەبىيلەر سەھىپىسى



تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. ئۆزى ماڭار ئىزى يوق، ماڭلىيىدا كۆزى يوق. ئۇ نېمە؟
2. ئوت كۆيمەيدۇ تېگىدە، چاي قايناپدۇ ئىچىدە. ئۇ نېمە؟
3. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

يۇلتۇزمىكىن دېمەڭلار،
يىراق ئەمەس يۇلتۇزدەك.
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچار،
كىچە بولار كۈندۈزدەك.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. نان.
2. قەلەم.
3. ئەلگەك.



### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته





بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

43- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَسْبُكَ اللَّهُ وَمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ ۞ يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِئَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ ۞ الْآنَ خَفَّفَ اللَّهُ عَنْكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِئَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوا أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) الله ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر [64]. ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگىن، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ [65]. الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى. ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. الله چىدامىلىقلار بىلەن بىللىدۇر [66]» (سۈرە ئەنفال 64- ئايەتتىن 66- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى ئايەتلەردە پىكىر — ھېچكىم قارشى تۇرالمايدىغان ۋە قايتۇرالمايدىغان بىر كۈچنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن توختىتىلىدۇ، ئۇ كۈچ بولسىمۇ ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە غالىب الله نىڭ كۈچىدۇر. بۇ زور كۈچنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇ ئاجىز، ئورۇق ۋە ئەرزىمەس كۈچلەر الله نىڭ كەتىبىلىرى (يەنى جىھادىي جامائەتلىرى)گە قارشى مەيدانغا چىقماقتا. دەرۋەقە، پەرق ئىنتايىن زور. بۇ جەڭ — ئاقىۋىتى كاپالەتكە ئىگە، ئاخىرى تونۇشلۇق ۋە نەتىجىسى ئېنىق بېكىتىلىپ بولغان جەڭ بولۇپ، بۇ مەنىلەر الله تعالى نىڭ مۇنۇ سۆزىدە گەۋدىلىنىدۇ: <ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) الله ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر>...

دەل شۇ ۋاقىتتا، مۇئمىنلەرنى الله يولىدىكى جەڭگە قىزىقتۇرۇش بۇيرۇقى كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر بىر جان جەڭگە تەييارلانغان، ھەر بىر يۈرەك تەييارلىق كۆرگەن، ھەر بىر پەي چىڭىغان ۋە ھەر بىر تومۇر تېز سوقۇپ، قەلبلەرگە خاتىرجەملىك، ئىشەنچ ۋە جەزمىيلىكلەر سىڭىپ كىرگەن ئىدى: <ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگىن>...

الله ئۇلارنى جەڭگە قىزىقتۇردى، ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى ۋە الله نىڭ دۈشمىنىگە يېتەرلىك ئىدى. گەرچە بۇلارنىڭ سانى ئاز ھەم ئەتراپىدىكى الله نىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار كاپىرلارغا كۇپايە قىلىدۇ: <ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ>...

ئەمما بۇ زور پەرقنىڭ سەۋەبى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق لېكىن ئىنتايىن سەمىمىي ۋە چوڭقۇر سەۋەبتۇر: <چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، فىقھىنى بىلمەيدۇ (يەنى الله نىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدۇ)>...

زاھىرىدىن قارىغاندا فىقھى (يەنى چۈشىنىش)نىڭ غەلىبە بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئەلۋەتتە ھەقىقىي ۋە كۈچلۈك ئالاقىسى بار چۈنكى مۇئمىن گۇرۇھ ئۆزىنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ مەنھەجى ھەققىدە فىقھىسىنىڭ بارلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم غايىسىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ گۇرۇھ ئۇلۇھىيەت (يەنى چوقۇنۇلغۇچىلىق) ۋە ئۇبۇدىيەت (يەنى چوقۇنغۇچىلىق)نىڭ ماھىيىتىگە فەقىھتۇر (چوڭقۇر چۈشەنگۈچىدۇر).

بۇ گۇرۇھ ئۇلۇھىيەتنىڭ تەنھا، يەككە بولۇشى ۋە ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇشنىڭ زوررۇرلۇكىنى؛ ئۇبۇدىيەتنىڭ بولسا شېرىكسىز، يەككە الله قىلا خاس بولۇشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. بۇ گۇرۇھ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ الله نىڭ يولىغا ھىدايەتلىنىپ، الله نىڭ ئىزنى ئارقىلىق ئىنسانلارنى بەندىلەرگە چوقۇنۇشتىن يەككە الله قا چوقۇنۇشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئۈممەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ الله قا ۋاكالىتەن يەر يۈزىدە خەلىپىلىك (يەنى ئورۇنباسارلىق) ۋەزىپىسى ئۆتەيدىغانلىقىنى، يەر يۈزىدە ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ۋە ئەيش-ئىشرەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، الله يولىدا جىھاد قىلىش، زېمىننى ھەق بىلەن ئاۋات قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان الله نىڭ مەملىكىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تەمكىنلىك (يەنى ئۈستۈنلۈك) كە ئېرىشىدىغان ئۈممەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئەنە شۇ فىقھى (يەنى چۈشىنىش)لارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ قەلبلىرىگە نۇر، ئىشەنچ، قۇۋۋەت ۋە جەزمىيلىك بېغىشلاپ، بۇ گۇرۇھنى كۈچ ئارقىلىق ئاقىۋەتكە بولغان خاتىرجەملىك بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ خاتىرجەملىك شۇ كۈچكە ھەسسىلەپ كۈچ قوشىدۇ ئەمما بۇ گۇرۇھنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا: <(جاھىل) قەۋم بولۇپ، (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ>... ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پېچەتلەنگەندۇر، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى قارا باسقاندۇر، كۈچلىرى ھەر قانچە ئۈستۈن كۆرۈنسىمۇ بەرىبىر ئاجىزدۇر ۋە چارچىغاندۇر چۈنكى بۇ كۈچلەر ئەڭ چوڭ مەنبەدىن چەتنىتىۋېتىلگەن ۋە ئۈزۈۋېتىلگەندۇر.

مانا بۇ نىسبەت، يەنى <بىر مۇئمىن ئون كاپىرغا تەڭ كېلىش> دېگەن نىسبەت — فەقىھ بولغان (يەنى چۈشىنىدىغان) مۇئمىن قەۋم بىلەن فەقىھ بولمىغان كاپىر قەۋم ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى ئەسلى قائىدىدۇر. ھەتتا بۇ نىسبەت، چىدامىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ زەئىپ ھالىتىدە بىر مۇسۇلمان ئىككى كاپىرغا تەڭ كېلىش بىلەن بولىدى: <الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى. ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. الله چىدامىلىقلار بىلەن بىللىدۇر>...

بەزى تەپسىرشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىملار شۇنداق چۈشەندىكى، بۇ ئايەتلەر ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە بولغان <كۈچلۈك ھالەتتە بىر مۇسۇلمان ئون كاپىردىن قاچمىسۇن ۋە ئاجىز ھالەتتە بىر مۇسۇلمان ئىككى كاپىردىن قاچمىسۇن> دېگەن بۇيرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە كۆپلىگەن شاخچە ئىختىلاپلار بولۇپ، بىز بۇ ئىختىلاپلارغا كىرىشمەيمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، بۇ ئايەتلەر — مۇئمىنلەر دۈشمەنلىرىگە قارشى كۆرەشتە الله نىڭ ئۆلچىمىدىكى ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى باھالاپ ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆرەش — مۇئمىنلەرگە مانا بۇ ھەقىقەتنى تونۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئارام تاپىدۇ، قەدەملىرى مۇستەھكەم تۇرىدۇ. كۈچلۈكرەك كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى نىسبەتلەر شەرئىي ھۆكۈملەرگە تەۋە ئەمەس» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

### ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، الله تىن باشقا ھېچبىر كۇپايە قىلغۇچى يوق بولۇپ، كىمكى «الله تىن باشقا كۇپايە قىلىدىغانلار بار» دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ مۇشرىك بولغان بولىدۇ.

ئىككىنچى، مۇئمىنلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەممە ئۇلارنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا جىھادقا تەرغىب قىلىشنىڭ، يەنى تەشۋىقاتقا سەل قارىماسلىقنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، بىر مۇسۇلماننىڭ بىر كاپىردىن ياكى ئىككى كاپىردىن قېچىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى، ئەگەر ئىككىدىن يۇقىرى بولۇپ قالسا قېچىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، مۇجاھىدلارنى ئەقلىي، روھىي ۋە ھۈنەر-سانائەت جەھەتتە ساقافەتلەندۈرۈش (يەنى مەلۇمات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش)نىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، جەڭ مەيدانىدا چىدامىلىق بولۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى. ئەگەر مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سانى 12 مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا كاپىرنىڭ قوشۇنى نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ قېچىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى لېكىن بۇنىڭ شەرتى — شۇ مۇسۇلمان قوشۇن بىر ئەمىر ئاستىغا ئۇيۇشقان ۋە ئۆزئارا بۆلۈنمىگەن بولۇشى

ھەممە شۇ زاماندا ئىشلىتىدىغان ھەربىي قورال-ياراق يېتەرلىك بولغان بولۇشتۇر ئەمما قورال-ياراقنىڭ سانى ۋە سۈپىتى دۈشمەننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى شەرت ئەمەس، جەڭ قىلىشقا يېتەرلىك بولسىلا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ قورال كۈچى يېتەرلىك بولۇش-بولماسلىق ئىجتىهادىي ئىشلاردىن بولۇپ، بۇنى ئەسكىرىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىن ھەم تەجرىبىلەردىن خەۋىرى بولغان ئىشەنچلىك ئەمىر قارار قىلىدۇ. ئەگەر مۇئمىن قوشۇن 12 مىڭ بولۇپ لېكىن ئارىسى بۆلۈنگەن بولسا ۋە كاپىرلار مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ كەتسە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بۇ چاغدا قېچىش دۇرۇستۇر. بەزى ئالىملار: «سانىنىڭ 12 مىڭ بولۇش-بولماسلىقى مۇھىم بولماستىن بەلكى كاپىرلارغا قارشى كۈچ ۋە ئىمكانىيەتنىڭ يېتەرلىك بولۇش-بولماسلىقى مۇھىمدۇر» دېگەن.

كۈچ ۋە ئىمكانىيەتنىڭ يېتەرلىك بولۇش-بولماسلىقنى بەلگىلەش ئىجتىهادىي ئىشلاردىن بولۇپ، بۇنى قارار قىلىش ئەسكىرىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىن ھەم تەجرىبىلەردىن خەۋىرى بولغان ئىشەنچلىك ئەمىرگە خاستۇر. مۇشۇنداق ئەمىرلەرنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئەسكىرىي ئىشلاردىن ۋە تەجرىبىلەردىن خەۋىرى يوق ھالەتتە قارار چىقىرىش ھەققى يوقتۇر.

كۆپچىلىك ئالىملار بىلەن بەزى ئالىملارنىڭ بۇنداق ئىختىلاپ قىلىشىدىكى سەۋەب — ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان «12 مىڭ كىشىلىك قوراللىق مۇجاھىد ئازلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولمايدۇ» دېگەن بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ-زەئىپلىكىدە ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقانلىقىدىندۇر. شەيخ مۇھەددىس ئابدۇلئەزىز تەرىفى (الله ئۇ كىشىنى ئەسىرلىكتىن قۇتقازسۇن!) بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپلىكىنى كۈچلۈك سانىغان.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى قېچىش توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر جىھادىي تەلەپ (يەنى كاپىرلارنىڭ يۇرتىنى فەتھ قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان پەرز كۇپايە جىھاد)كە قارىتىلغان. ھازىرقى زاماندىكىدەك جىھادىي دەفئى (يەنى تاجاۋۇز قىلغۇچىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان پەرز ئەين جىھاد)دە سان ۋە باشقا شەرتلەر ساقىت بولىدىغان بولۇپ، مۇھاسىرىدە قېلىش ياكى ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش ئېنىق بىلىنگەن بولسا ياكى كۈچلۈك گۇمان قىلىنغان بولسا ۋە ئەمىرگە قاچماستىن شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلىش توغرىسىدا بەيئەت ياكى ئەھدە بەرمىگەن بولسا قېچىش دۇرۇستۇر. قاچقاندىن كېيىن يەر يۈزىنىڭ قايسى بىر يېرىدە بولسۇن جىھاد قىلىۋاتقان بىر تائىپە بار تۇرۇقلۇق ۋە شۇ تائىپىگە قوشۇلۇشقا قادىر تۇرۇقلۇق، بۇ تائىپىگە قوشۇلماستىن جىھاد يوق تىنچ شەھەرلەرگە بېرىپ ياشاش ھارامدۇر.

ئالتىنچى، الله نىڭ چىدامسىز ئەمەس بەلكى چىدامىلىق بەندىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى قوللاش ھەممە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكى.

## دىنى ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساند)

ئۇلار يەنە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈممىتى قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن ئۈممەتلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغان، جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان ئۈممەت بولۇپ، ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلاردىن يەتمىش مىڭ كىشى سوئال-سوراقسىز جەننەتكە كىرىدۇ.

ئۇلار قىيامەتنىڭ ئەرەسات مەيدانىدىكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ كۆل مەخلۇقاتلار تىرىلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئىنتىلىپ ماڭىدىغان جاي بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاپئاق، ھەسەلدىنمۇ شېرىن بولۇپ، پۇرىقى ئىپار ۋە ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. خۇددى سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەندەك، ئۇ كۆلنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەكتۇر، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق مۇساپە، كەڭلىكى ھەم بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى ئەبەدىي ئۇسسىمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن دىندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ كۆلگە يېقىن كەلتۈرۈلمەستىن ھەيدىۋېتىلىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەۋزى كەۋسەرنىڭ چوڭلۇقى بىر ئايلىق مۇساپە بولۇپ، سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى ئىپاردىن خۇشپۇراق ۋە ئۇنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ» (بۇخارى توپلىغان).

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەردىن بۇرۇن ھەۋزى كەۋسەر بويىدا سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمەن، كىم مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتسە ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، ئۇنى ئىچكەن كىشى ئەبەدىي ئۇسسىمايدۇ. مېنىڭ يېنىمغا مەن تونۇيدىغان ۋە مېنىمۇ تونۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى توسۇلۇپ قالىدۇ، مەن: <بۇلار ماڭا تەۋە ئىدى> دەيمەن، ئارقىدىن ماڭا: <سەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دىندا قانداق يېڭىلىقلار (بىدئەتلەر)نى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن> دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئاندىن مەن: <مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن دىندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان كىشىلەر يىراق تۇرسۇن> دەيمەن» (بۇخارى توپلىغان).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ۋە يۇقىرى ماقامىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ:

ئۇنىڭ مەھشەرگاھتىكىلەرگە الله نىڭ تېزراق سوت ئېچىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىشى — ماقامى مەھمۇد (يەنى يۇقىرى ماقام) دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىشلىرى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ، جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدۇ.

ئۇ تاغىسى ئەبۇ تالىپقا شاپائەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئازابنى يەڭگىللىتىدۇ. مانا بۇ ئۈچ شاپائەت — پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ گىلا خاستۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ: «حُجِبَتِ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ، وَحُجِبَتِ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ»** (رواه البخاري ومسلم).

## ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەھەننەم ئوتىنىڭ ئەتراپى شەھۋەتلەر (يەنى كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلار) بىلەن پەردىلەنگەن، جەننەت بولسا كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلار بىلەن پەردىلەنگەن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

## ھەدىسنىڭ شەرھىسى

شەھۋەتلەر دېگەندە — ئويلانماستىن، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىماستىن، دىنغا ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا رىئايە قىلماستىن كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، زىنا بولسا كۆڭۈل كۆپ تارتىدىغان ئەۋرەت شەھۋىتىدۇر. ئەگەر ئىنسان شەھۋەتتىن ئىبارەت بۇ پەردىنى يىرتىپ سالىدىكەن، بۇ — ئۇ كىشىنىڭ جەھەننەم ئوتىغا كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھاراق ئىچىشمۇ كۆڭۈل تارتىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان ئىشتۇر شۇڭا شەرىئەت تۇزگۈچى زات بۇ ئىشنى توسۇش ئۈچۈن قامچا ئۇرۇش جازاسى بېكىتتى. ئەگەر ئىنسان بۇ پەردىنى يىرتىپ سالسا، يەنى ھاراق ئىچسە، بۇ ئىش ئۇ كىشىنى جەھەننەم ئوتىغا ئېلىپ بارىدۇ. (الله بىزگە بۇنداق ئىشتىن پاناھ بەرسۇن!)

يەنە شۇنىڭدەك، پۇل-مالنىڭ مۇھەببىتىمۇ كۆڭۈلنىڭ شەھۋەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسان مال توپلاش مۇھەببىتى ياكى كۆڭلى تارتىدىغان شۇ مالغا ئېرىشىش قىزغىنلىقى سەۋەبلىك ئوغرىلىق قىلىپ قالسا، ئۇ مۇشۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ جەھەننەم ئوتىغا يېتىپ بارىدۇ. (الله ساقلىسۇن!)

يەنە بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن، مال ساتقاندا پايدىنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن ئالدامچىلىق قىلىش كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئىنسان بۇنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزى بىلەن جەھەننەم ئوتى ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلايدۇ-دە، ئوتقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئابرۇيىغا تىل ئۇزىتىش، ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش ۋە ئالاھىدە تۇتۇش قاتارلىقلارمۇ ئىنسان ياخشى كۆرىدىغان ۋە كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، كىشى بۇ ئىشنى قىلىش بىلەن ئۆزى بىلەن جەھەننەم ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ ئوتقا كىرىپ كېتىدۇ. (الله ساقلىسۇن!)

يامانلىققا تولا بۇيرۇيدىغان، بۇ كۆڭۈل خالىغۇچى شەھۋەتنىڭ دورىسى زادى نېمە؟ بۇ سوئالغا ھەدىسنىڭ: «جەننەت — كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلار بىلەن پەردىلەنگەن» دېگەن كېيىنكى بۆلىكى جاۋاب بەرگەن. بۇ دېگەنلىك — جەننەت كۆڭۈل ئۆچ كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان دېگەنلىكتۇر چۈنكى باتىل — يامانلىققا تولا بۇيرۇغۇچى ئىنسان نەپسىگە يېقىشلىق بولسا، ھەق — ئىنسان نەپسى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردۇر. ئەگەر ئىنسان بۇ نەپسى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن ھالقىپ كېتەلىسە ۋە ئۆزىنىڭ يامانلىققا تولا بۇيرۇغۇچى نەپسىنى (يەنى كۆڭلىنى) پەرزلەرنى ئورۇنلاشقا ۋە ھاراملارنى تەرك ئېتىشكە زورلىيالىسا، ئۇ شۇ چاغدا جەننەتكە يېتەلەيدۇ. دەل شۇ تۈپەيلى، ئىنسان بەش ۋاخ نامازنى ئېغىر سانايدۇ، قىش ۋە سوغۇق كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىنسان ھېرىپ-چارچىغاندىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇ باسقان بولسا، شۇ چاغدا ناماز ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ، ئىسسىق، يۇمشاق كۆرپىنى تەرك ئېتىپ نامازغا قوپۇشنى ئېغىر ساناپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەنە شۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، مانا بۇ نەپسىگە ياقمايدىغان ۋە ئېغىر كېلىدىغان ئىشنى قىلالىسا جەننەتكە يېتەلەيدۇ.

دەل شۇنىڭدەك، يامانلىققا دائىم بۇيرۇپ تۇرغۇچى نەپس ياكى كۆڭۈل كىشىنى زىناغا ئۈندەپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، زىنا بولسا يامانلىققا تولا بۇيرۇغۇچى كۆڭۈل ئىشتىھا قىلىدىغان ۋە ياخشى كۆرۈدىغان شەھۋەتتۇر لېكىن ئۇ كىشى نەپسىنى بۇ شەھۋەتتىن چەكلىسە ۋە بۇ شەھۋەتتىن يىراق تۇرۇشقا زورلىسا، مانا بۇ — شۇ كىشىگە ئۆچ كۆرۈلىدىغان ۋە ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر، ئۇ كىشى بۇ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە يېتەلەيدۇ چۈنكى جەننەت ئەنە شۇنداق ئۆچ كۆرۈلىدىغان ۋە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغاندۇر.

يەنە مىسال ئالىدىغان بولساق، الله يولىدىكى جىھادمۇ نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار» (سۈرە بەقەرە 216- ئايەت).

ئىنسان جىھادتىن ئىبارەت نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان بۇ ئىبادەتنى قىلىش ئارقىلىق جەننەتنى ئوراپ تۇرىدىغان پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، شۇ جەننەتكە يېتەلەيدۇ.

يەنە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشمۇ كۆڭۈلگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئىنسان بۇنىڭغا سەل قارايدۇ ۋە ياقتۇرمايدۇ ھەمدە: «باشقىلار بىلەن نېمە كارىم، نېمىدەپ ئۆزۈمنىمۇ ۋە ئۇلارنىمۇ چارچاتقۇدەكمەن» دەيدۇ لېكىن ئۇ كىشى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ۋە ياقمايدىغان بۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق بۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلاش بىلەن جەننەتكە كىرەلەيدۇ شۇڭا الله بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل ۋە نەپسلەرگە ياقمايدۇ لېكىن سەن جەننەتكە كىرىشنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى شۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىشىڭ كېرەك. يەنە ھارام قىلىنغان ئىشلارمۇ كۆڭۈللەرگە ۋە نەپسلەرگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر. بولۇپمۇ بۇ ھارامغا ئىنتىرىلگۈچى سەۋەب كۆپەيگەندە، بۇ ئىشلاردىن يېنىش تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئەگەر سەن نەپسىڭنى بۇ ھارام قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە زورلىيالىساڭ، مانا بۇ — سېنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ. مەسىلەن، كۇفرى يۇرتلىرىدا ياكى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىش ئەركىنلىكى بار يۇرتلاردا بىر بويتاق ياش يىگىتنىڭ ئالدىدا گۈزەل، چىرايلىق ياش قىزلار بولغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ بويتاق يىگىتنىڭ زىنانى تەرك ئېتىشى ئۈچۈن ئېغىر مۇشەققەت چېكىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىز بىر ھەقىقەتتۇر چۈنكى ئۇ يىگىتكە زىنا قولايلىق بولغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغان. ئەگەر ئۇ بويتاق يىگىت شۇ زىنانى تەرك ئېتىشكە نەپسىنى ۋە كۆڭلىنى زورلىيالىسا، بۇ — ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھەدىسىدە ئېسىل ۋە گۈزەل بىر ساھىبجامال تەرىپىدىن ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا چاقىرىلغان ئەرنى قىيامەت كۈنى الله نىڭ سايىسىدا سايىدايدىغان 7 تۈرلۈك كىشىنىڭ قاتارىغا تىزغان. بۇ يەردە ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇ كىشىنىڭ نەپسىنى شۇ ئايالغا تەلپۈنۈشكە ئىتتىرىۋاتقان، ئۇ كىشى بولسا «مەن الله تىن قورقىمەن» دەۋاتقان چۈنكى ئۇ كىشى ياش ۋە ئۇ كىشىدە شەھۋەت بار، زىنانىڭ شارائىتلىرى ھەم مەۋجۇت، زىنادىن توسۇپ قالغۇچى مانئىلار (يەنى توسالغۇلار) نىڭ ھەممىسى يوق بولۇپ، پەقەت بىر مانئىلا قېلىپ قالغان، بۇ مانئى بولسىمۇ ئۇلۇغ ھەيۋەتلىك الله تىن قورقۇشتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى «مەن الله تىن قورقىمەن» دېگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشى الله نىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە سايىدىتىلىدىغان 7 تۈرلۈك كىشىنىڭ قاتارىغا كىرگەن.

مۇھىمى، جەھەننەم ئوتى — شەھۋەتلەر (يەنى كۆڭۈلگە ياقىدىغان ئىشلار) بىلەن پەردىلەنگەن. جەننەت بولسا كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ۋە نەپسكە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان. شۇڭا ئى ئىنسان! سەن نەپسىڭ ياقتۇرمىسىمۇ الله ياقتۇرىدىغان ھەر قانداق ئىشقا نەپسىڭنى زورلاپ، نەپسىڭگە قارشى جىھاد قىلغىن. تەجرىبىلىك كىشىلەردىن شۇ بىلىنگەنكى، سەن نەپسىڭنى الله نىڭ ئىتائىتىگە زورلىساڭ ۋە مەجبۇرلىساڭ، شۇ ئىتائەتنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن ۋە ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىسەن-دە، بارا-بارا كۆڭلۈڭ ئىتائەتسىزلىككە ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىز بەزىبىر كىشىلەرنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش دەسلەپتە ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنلىكىنى لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن خۇرسەن بولىدىغان، جامائەتكە چىقماسلىققا بۇيرۇسىڭىز سىزگە ئىتائەت قىلمايدىغان ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇڭا، ئى قېرىندىشىم! نەپسىڭىزگە قارشى جىھاد قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭىزنى الله رازى بولىدىغان ئەمما نەپسىڭىز ياقتۇرمايدىغان ئىشقا بېسىپ كۆندۈرۈڭ. شۇنداق بولغاندا نەپسىڭىز سىزگە بويسۇنىدىغان ھالدا يۇمرانلىشىپ، سىزگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان ھىجرەت ۋە جىھادقا ئوخشاش ئىبادەتلەردىن خۇرسەن بولىدىغان ۋە لەززەتلىنىدىغان ھالەتكە ئۆزگىرەلەيسىز.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سەككىزىنچى، جەڭگە قاتناشماي قالغان ساھابىلەرنىڭ جەڭگە قاتنىشالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈش ھەمدە بۇندىن كېيىنكى جەڭگە بەسلىششتەك پەزىلەتلىرى ۋە شىجائىتى بىزنىڭ ئۈلگە ئېلىشىمىزغا تېگىشلىكتۇر.

توققۇزىنچى، شۇرادا ساھابىلەرنىڭ ئەمىردىن قورقماستىن ئويلىغىنىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى. چۈنكى كۆڭلىدە توغرا دەپ قارىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق خىيانەتتۇر.

ئونىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئەمىر ۋە قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ پىكرىگە خىلاپ (لېكىن شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەس) پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى سەپتىن سىقىپ چىقارمايدىغانلىقى.

ئون بىرىنچى، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش، جەڭ تەييارلىقىدا ۋە جەڭ ئەسناسىدا ئەستايىدىل بولۇش، پۈتۈن كۈچ ۋە تالانتىنى چىقىرىش، سەۋر قىلىش قاتارلىقلار — جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدىندۇر.

ئون ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىھادقا پەقەت ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىلا چاقىرماستىن شۇ ئىسلامىي دۆلەتتىكى پۈتۈن پۇقرالارنى چاقىرغانلىقى، جىھادىي نۇخبە (يەنى خىللانغان تەقۋا مۇجاھىدلار جىھادى) ئۇسلۇبىنى قوللانماستىن بەلكى جىھادىي ئۇممە (يەنى ئۇممەت جىھادى) ئۇسلۇبىنى قوللانغانلىقى.

ئون ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قاتمۇقات دۇبۇلغا كىيگەنلىكى — تەۋەككۇلغا زىت ئەمەستۇر بەلكى تەۋەككۇل دېگەن — الله بۇيرۇغان سەۋەبلەرنى تاقەتنىڭ يېتىشىچە تولۇق تۇتۇپ، نەتىجىنى ۋە كۈچى يەتمىگەن سەۋەبلەرنى الله قا تاپشۇرۇش دېگەنلىكتۇر ئەمما جەڭگە كىيتەرلىك بولغان ئەسكەر سانى ۋە جەڭ لازىمەتلىكلىرى قاتارلىق الله بۇيرۇغان سەۋەبلەرنى تۇتماستىن الله قا تەۋەككۇل قىلىش بولسا تەۋەككۇل ئەمەس بەلكى تەۋاكۇل (يەنى تەقدىرگە يۆلىنىۋېلىش، ھورۇنلۇق ۋە دەرۋىشلىك)دۇر.

ئون تۆتىنچى، قوماندان شۇرا (مەسلىھەت كېڭىشى)دا قارار چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قارار شەرىئەتكە خىلاپ بولمىسىلا ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى چۈنكى بۇنداق قىلىش سەپنىڭ تەۋرىنىشىگە ۋە تۆۋەندىكىلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا ئىشەنچ قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

## مۇجاھىدلارنى تەشكىللەش ۋە جەڭگە چىقىش

مىڭ نەپەر مۇجاھىدتىن تەركىب تاپقان قوشۇن جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر نەپەر ئاتلىق بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇغ-ئەلەملەرنى چىگىدى ۋە: «بىز مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلارنى ياردەمگە چاقىرمايمىز» دەپ يەھۇدىيلاردىن جەڭدە ياردەم ئېلىشنى رەت قىلدى. ئاندىن قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ يېشى توشمىغانلارنى قايتۇرۇۋەتتى. كېچىچە مۇسۇلمانلارغا ھارىس (مۇھاپىزەتچى)لىق قىلىدىغان كىشىلەرنى تەيىنلىدى.

مەدىنە بىلەن ئۇھۇدنىڭ ئارىلىقىدىكى يولدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ جېنىمىزنى سىلىپ بەرگۈدەكمىز؟!» دەپ قوشۇننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئېلىپ چىقىپ جىھادتىن ئۇلتۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ 700 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈرۈپ-يۈرۈپ تاغ تەرەپتىكى ۋادىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان ئۇھۇد جىلغىسىغا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ۋە قوشۇنىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇھۇد تەرەپكە قىلدى.

پەيغەمبەر ﷺ قوشۇننى ئوقچىلار قىسمى ۋە ئۈچ كەتىبە (ئەترەت)دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلدى. بىرىنچىسى، مۇھاجىرلار كەتىبىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. ئىككىنچىسى، ئەۋس قەبىلىسىدىن بولغان ئەنسارىلار كەتىبىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغىنى

(ئاخىرى 3- بەتتە)





(بېشى 2- بەتتە)

ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. ئۈچىنچىسى، خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان ئەنسارىلار كەتىبىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغىنى ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رضي الله عنه غا تۇتقۇزدى. ئوقچىلار قىسمىدىن ئەللىك كىشىنى تاغ باغرىدىكى ئېگىزرەك جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير رضي الله عنه نى گۇرۇپپا مەسئۇلى قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير رضي الله عنه غا: «سەن ئوق ئېتىپ ئاتلىق مۇشرىكلارنى بىزدىن چېكىندۈرگىن، ئۇلار بىزگە كەينى تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلالمىسۇن، بىز غەلىبە قىلايلى ياكى مەغلۇپ بولايلى ئۆز ئورنۇڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن، بىز سېنىڭ بىخەستەلىكىڭ سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ يۈرمەيلى» دەپ تاپىلىسا، ئوقچىلارغا: «سىلەر ئارقا تەرىپىمىزنى ھىمايە قىلىڭلار، سىلەر بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ بىزگە ياردەم بەرمەڭلار. ئەگەر بىزنىڭ غەنىيمەت ئالغىنىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ بىزگە شېرىكلەشمەڭلار» دەپ قاتتىق جېكىلىدى. قالغان مۇجاھىدلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوڭ قانات، سول قانات ۋە باشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى. ئوڭ قاناتقا مۇنزىر ئىبنى ئەمر رضي الله عنه نى، سول قاناتقا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رضي الله عنه نى مەسئۇل قىلىپ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رضي الله عنه نى خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى ئاتلىق مۇشرىكلارنى توسۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. باش قىسمىغا بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقتا داڭقى چىققان قۇۋۋەتلىك نۇخبە (يەنى ئالاھىدە قىسىم) ۋە ئىنغىماسچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇننى سەپكە تىزىپ، ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلەپ ۋەسىيەت ۋە بۇيرۇقلارنى تاپىلىدى. ئۇلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇردى. ئەگەر ئۇلار سەۋر قىلسا غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشنى ۋە باشقا ئەرەبلەرنى باشلاپ كېلىپ ئۇھۇد تەرەپتىكى ۋادىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قوشۇننى تۇزلەڭلىكتە سەپكە تىزدى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

## يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، جەڭگە كېتەرلىك ئەسكەرنىڭ سانىنى بېكىتىش ئىجتىھادىي ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنىڭغا پەقەت شۇ ئەمەلىي مەيدانغا ئىشتىراك قىلغان قوماندان قارار چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ تەييارلىقى ۋە قورال-ياراقلىرى كاپىرلارنىڭكى بىلەن تەڭمۇ-تەڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، پەقەت كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشقا كۇپايە قىلغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ كۇپايە قىلغۇدەك بولغان-بولمىغانلىقىنى دەگسەش بولسا ئىشەنچلىك، تەجرىبىلىك، جەڭ ئىشلىرىدىن ۋە رېئال ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغان ئەسكىرىي قوماندانىنىڭ قارار چىقىرىشىغا خاستۇر.

ئۈچىنچى، جەڭدە تۇغ-ئەلەملەرنى ئىشلىتىش بولسا قوشۇننى يىغىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىش بولۇپ، ۋاجىب ئەمەستۇر. بۇ تۇغ-ئەلەملەر يېقىنقى زاماندىكىگە ئوخشاش، تاغۇتلار مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈش مەقسىتىدە مەخسۇس بىر يۇرتقا سىمۋول قىلىنغان بايراق بولماستىن بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ تۇغ-ئەلەم ۋە بايراقلارنى جەڭ پەيتىدە مۇجاھىدلار مۇسۇلمان تەرەپ بىلەن كاپىر تەرەپنىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتەلمەي قالماسلىقى ئۈچۈن قوماندانلارغا تۇتقۇزاتتى شۇنداقلا بايراقنىڭ رەڭگى ۋە شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر ئۇ ۋاقىتلاردا دۆلەت بايرىقى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن ئەمەس. دېمەك، بايراق ئىشلىتىش مۇباھ ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ھارامغا ۋاستە بولسا ھارام بولىدۇ، ۋاجىبقا ۋاستە بولسا ۋاجىب بولىدۇ.

تۆتىنچى، مۇشرىكلارغا قارشى مۇشرىكلارنى ياردەمگە چاقىرىش نورمال ئەھۋالدا دۇرۇس ئەمەس لېكىن ھاجەت بولغان چاغدا (يەنى جەڭگە مەنپەئەتلىك بولغان چاغدا) بەزى ئالىملارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇستۇر. ئۇنداق ئىكەن، زۆرۈر بولغان چاغدا تېخىمۇ دۇرۇستۇر ئەمما بۇنىڭ بىر نەچچە شەرتلىرى بار:

1. ئەنە شۇنداق ھاجەت ياكى زۆرۈرىيەتنىڭ تېپىلىشى.

2. ياردەمگە چاقىرىلغان كاپىر ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىدىن ئەنە شۇ ياردەمگە چاقىرغۇچى مۇجاھىدلار غالىب ئورۇندا بولغان بولۇشى (يەنى مۇجاھىدلارنىڭ — ياردەمگە چاقىرىلغۇچى كاپىر ئەسكەرلەر تەۋە بولغان دۆلەتتىن ئۈستۈن بولۇشى شەرت بولماستىن بەلكى تەۋەلىكىدە تۇرىدىغان ياردەمگە چاقىرىلغۇچى كاپىر ئەسكەرلەرنىڭلا ئۈستىدىن غالىب ئورۇندا تۇرۇشى).

3. شۇ كاپىر ئەسكەرلەرنىڭ خىيانەت قىلىپ قېلىشىدىن مۇجاھىدلارنىڭ ئەمىن بولۇشى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت دېگەن مۇشرىكقا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش سەپىرىدە ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالغان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا مۇشرىكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندە ئۆزئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش شەرتى ئاستىدا كېلىشىم تۈزگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ جەڭدە يەھۇدىيلاردىن ياردەم سورىماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، خۇددى شەيخ مۇنىر غەزبان «المنهج الحركي» دېگەن كىتابىدا ئېيتقىنىدەك، بۇ يەھۇدىيلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھالقىلىق پەيتتە قوشۇننىڭ زور بۆلىكىنى ئېلىپ چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ مەنۋىيىتىنى سۇندۇرۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش پىلانىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھېس قىلغانلىقىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ قوشۇنى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش مەقسىتىدە، بۇ جەڭدە مۇشۇ يەھۇدىيلارنى ياردەمگە سېلىشنى رەت قىلغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سەككىزىنچى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرى شۇكرى مۇستافانى «مۇشۇ ئۇممەتنىڭ كۈتۈۋاتقان مەھدىسى، الله تعالى ئىسلامنىڭ پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غالىب بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھەممەد ﷺ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمىغان بۈيۈك ئىشنى مۇشۇ ئەمىرنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دەۋا قىلىدۇكى، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا جاھان ئۇرۇشى يۈز بېرىپ زېمىن ۋەيران قىلىنغاندا ئاندىن بۇ جامائەتنىڭ رولى باشلىنىدۇ. مۇشۇ جەڭ سەۋەبلىك ساروخ، ئايروپىلانغا ئوخشىغان زامانىۋى قوراللارنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىپ ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش قىلىچ ۋە نەيزىلەردىن ئىبارەت قەدىمىي قوراللار بىلەن يەكمۇ-يەك جەڭ قىلىدىغان ئۇرۇش دەۋرى قايتىپ كېلىدۇ.

توققۇزىنچى، بۇ جامائەتنىڭ كاتتىلىرى: «بىز ئىلىمدە (ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي قاتارلىقلارغا ئوخشاش) ئىمامىلىق ۋە مۇتلەق مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتتۇق ۋە بىزنىڭ پۈتۈن ئۇممەتكە شۇنداقلا ئۇممەتنىڭ سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن پەتىۋاسىغا قارشى پەتىۋا بېرىش ھەققىمىز بار» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

بۇلارنىڭ دەۋەت ۋە ھەقىقىتىنى پاش قىلىپ بەرگەن ئەڭ مۇھىم كىتاب «ذكرياتي مع جماعة المسلمين» (مېنىڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى (يەنى ھىجرەت ۋە تەكفىر جامائىتى) بىلەن كەچۈرمىشلىرىم) دېگەن كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى شۇ جامائەتكە ئەزا بولۇپ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن چىقىپ كەتكەن ئابدۇراھمان ئەبۇلخەير دېگەن كىشى يازغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)

# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### لەڭگەر (Langar) – كارۋان بالاسى (Carwan Balaci) – بوزۇيگۇمبەز – ۋاغجىر جىلغىسى

ئىككىنچى كۈنى ئىككى ئات ۋە ئىككى ئېشەكلىك سەپەر قىلغان گۇرۇپپىمىز 40 كىلومېتىر شەرقتىكى بوزۇيگۇمبەزگە كەلدۇق. كەڭرى سوزۇلغان دەريا تۈۋى توساتتىنلا چوڭقۇر سايلىققا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ چوڭقۇر سايلىق ئاساسەن بوزۇيگۇمبەزگىچە يېقىنلىشىپ قالاتتى. ئۆتۈشمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىز ئەگرى-بوگرى تاغ يوللىرىدا ۋە ئىتتىك ئېقىنلاردا قايتا ماڭدۇق. ئۈچىنچى كۈنى بىز يەرلىكلەرنىڭ مۇقەددەس يېرى جىيالەت ئارقىلىق لەڭگەردىن ئۆتتۇق ۋە بىر قانچە ۋاخى ئائىلىسى ئولتۇراقلاشقان مىرزامۇرات دېگەن جايغا چېدىرىمىزنى تىكتۇق. تۆتىنچى كۈنى كارۋان بالاسىدىكى تاش مۇناردىن ئۆتۈپ بۇ سايلىقنىڭ ئاخىرقى قىرغىقىنى كۆردۇق. كىشىلەر بۇ يەردىن بىر ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتۈپ سول قىرغاقنى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭاتتى. ئۇلار ۋاخىلارنىڭ يازلىق چارۋىچىلىق رايونى بولغان بايكارا (Bai Kara) دېگەن جايدا جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4925 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېرشاد ئۆۋىن ئۆتۈشمىسىدىن ئۆتۈپ پاكىستاندىكى بىر مۇقەددەس جاي بولغان بابا گۇمدى (Baba Gumdy) دېگەن يەرگە بېرىشاتتى. ئاسما كۆۋرۈكنىڭ شەرقىدىكى يېقىن بىر ئورۇندا ئىككى دەريا ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ، ئۇلار ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى تەرەپتىن ئېقىپ چىققان لايلىق ئاساسىي ئېقىن بولغان ۋاخان دەرياسى بىلەن كىچىك پامىر تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن سۈزۈك كىچىك پامىر دەرياسىدۇر. بۇ دەريالارنىڭ قوشۇلمىسى كەڭلىكى بىر قانچە يۈز مېتىر كېلىدىغان تېگى تاش دەريادۇر. بىر دەريانىڭ قۇرۇق بولغان ئوڭ قىرغىقى ئارقىلىق بوزۇيگۇمبەزگە كەلدۇق. بۇ يەر قىرغىزلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇ يەردە قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق تۇرالغۇلىرى باشلىناتتى. گۇمبەز، يەنى قەبرە لايدىن ياسالغان تۆت چاسا شەكىللىك ئاساسقا ئەگرى مۇنارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تەخمىنەن ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە ياسىلاتتى. بۇ يەردە ئوندىن ئارتۇق قەبرىلەر بار ئىدى بىراق ھېچكىم بوزۇي (بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمى) نىڭ قەبرىسىنىڭ قايسى قەبرە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى. يېقىن ئەتراپتا سوۋېت تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق مەزگىلىدە ئىشلەتكەن بىر باش شتابى بار ئىدى. بۇنىڭ ئەتراپىدا ئىرماش-چىرماش سىملار ئۇچراپ تۇراتتى. شىمال تەرەپكە بىر قانچە كىلومېتىر سوزۇلۇپ كەتكەن ۋاخان تاغ تىزمىسىنىڭ تارماقلىرىدىكى جىلغىلارنىڭ دەل-دەرەخسىز تۈزلەڭلىكلىرىدە يازلىق چارۋىچىلىق تۇرالغۇلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاقبېلۇس (Ak Belius) دېگەن جاي بار ئىدى.

بەشىنچى كۈنى بىز ئاساسىي ئېقىننىڭ ئوڭ قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدۇق. لەڭگەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىنچىكە سۆگەتلەردىن، قېيىن دەرەخىدىن، ياۋا قىزىلگۈلدىن ۋە يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەردىن شەكىللەنگەن چاتقاللىقلار يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئورنىغا يەرلىك كىشىلەر شۋاق (Showaq) ۋە ئوت دەپ ئاتىشىدىغان يىلتىزلىرى چىڭ بىر خىل ئوت-چۆپلەرنى قۇرۇتۇپ يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتەتتى. چۈش ۋاقتىدا بىر قانچە چېدىرسىمان ئۆيلەرنى ۋە قىرغىزلارنى تۇنجى قېتىم كۆردۇم. چېدىرسىمان ئۆيلەر 50 تال ئەتراپىدا سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۆي ئىچىگە قوي يۇڭلىرى سېلىنغان. بۇ قىرغىزلار سۈننىي مۇسۇلمانلارغا تەۋە. بۇلارنىڭ ئاياللارغا بولغان باشقۇرۇشى ئىسمائىلىي ۋاخىلاردەك چىڭ ئەمەس. قىرغىز ئاياللار يۈزلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئەرلەر پۈتىغا رىزىنكە ياكى تېرە ئۆتۈكلەرنى كېيىۋالىدۇ. تۇنجى قاراشتا سىز قىرغىزلارنى ۋاخى ياكى باشقا قان سىستېمىسىدىن دەپ قالىسىز بىراق ئۇلار تۈرك-موڭغۇل قان سىستېمىسىدىكى كىشىلەردۇر. قىستۇرۇپ ئۆتسەك، ۋاخىلار ئۆزلىرىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (Alexander the Great)نىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىۋالىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)